ئۆزلۈكسىز تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزلۈكسىز تۈردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش داۋامىدا سىياسىي كۈچ، ئىدىيەۋى كۈچ، ئەمەلىيەت كۈچى ئېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقىپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ئىستىلنى ئۆگىنىپ چىقىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. جەۋھىرىنى، مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەش كېرەك. ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدىغان»لىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىنىڭ ئىچكى لوگىكىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلاش، ئىدىيە روھىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 - تومىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، بىلىش، ئىشلىتىش، قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجە - ئۈنۈمىنى خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ماھارىتىگە ئايلاندۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەنى ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سىڭدۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ھەقىقىي تۈردە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، بۇرچ بىلەن ئۆگىنىپ، ئېتىقاد بىلەن ئۆگىنىپ، ھېسسىيات بىلەن ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. پائال سۇپا ھازىرلاپ، تەتقىق قىلىش، شەرھلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، كۆپ خىل شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق ئۆگىنىش، تەربىيەلەش ۋە تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى ئۆزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

سىجىل ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلىدى. شى جىنپىڭنىڭ خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى چۆرىدەپ ئېلان قىلغان بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، ئىدىيەسى چوڭقۇر. شى جىنپىڭنىڭ خەۋپ - خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بايانلاردىن ئۈزۈندىلەر» ئالتە مەخسۇس تېمىغا ئايرىلغان، جەمئىي 404 ئابزاس بايان بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ 2012 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2020 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە قىلغان سۆزى، دوكلاتى، سۆھبىتى، نۇتقى، يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقى قاتارلىق 180 پارچىدىن ئارتۇق مۇھىم ھۆججەت، ماتېرىيالدىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن بايانلار بىرىنچى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر، ئىلغار كوللېكتىپلار، ئەمەلىيەتلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، ئەمەلىيەتلىك ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەقدىرلىنىدۇ.

مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، شىنخۇا تورى يىغىننى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ، خەلق تورى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تورى، جۇڭگو تورى قاتارلىق مەركەزنىڭ نۇقتىلىق ئاخبارات تور بېكەتلىرى ۋە خەلق گېزىتى تېرمىنالى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى تېرمىنالى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات تېرمىنالى قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە توستى، ئىككى ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا يەرلىكتە كۈنىگە يېڭىدىن كۆپىيىۋاتقان ئاغرىقلارنى بىر خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلەپ، ئۈچ ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىنىڭ ھەل قىلغۇچ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىدە پائال نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

جۇڭگو خەلقى بەرداشلىق بەردى! ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭگەندە، قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارنى چوقۇم يېڭىپ، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

بىز ئاخىر قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىمىز، ئىنسانلار ئاخىر يۇقۇم ئالۋاستىسى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ!

(مۇخبىرلار چېن فاڭ، ئەن بېي، بەي جېي، چۈ تىڭ، خۇ جې، خۇۋ ۋېنكۈن)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەتتە ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۋېيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەتتە ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 823، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 237 بولۇپ، جەمئىي 1060.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى - داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى. نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

چاۋ جىن:

بىرىنچى سەپكە بارىمەن، ئەڭ خەتەرلىك جايغا بارىمەن

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇ لۇپىڭ

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU2 ئاغرىقلار رايونىدا، دوختۇرخانىغا كىرگەندىن بۇيان ئىزچىل ھوشسىز ياتقان 74 ياشلىق بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ يېنىدىكى دوختۇرغا قاراپ كۆزىنى چىمچىقلاتتى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك تاراتقۇ ‹گۇرۇھ› چەكلىك شىركىتى) خەلق تۇرمۇشى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى چاۋ جىننىڭ كۆز چاناقلىرى شۇئان قىزاردى، ئۇ خۇشال بولدى، تەسىرلەندى، روھلاندى... بارلىق ھېسسىياتى مۇشۇ دەقىقىدە ئېتىلىپ چىقتى.

بۇ قېتىم يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، چاۋ جىن قۇيرۇق ئومۇرتقا سۆڭىكى يېرىلىش قاتارلىق ئاغرىق ئازابىنى يېڭىپ، يەنە بىر قېتىم جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىپ، «جەڭگاھ مۇخبىرى»غا ئايلىنىپ، ئىزچىل بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا چىڭ تۇردى.

ICU2 ئاغرىقلار رايونى چاۋ جىن بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن كىرگەن تۇنجى ئاغرىقلار رايونى بولۇپ، بۇ يەردە دوختۇرلار ئاغرىقلارنىڭ ھاياتلىق ئالامەتلىرىنى ۋاقتىدا كۆزىتىپ - تىزگىنلەپ، ھەر ۋاقىت قۇتقۇزۇشنىڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەيتتى؛ سېستىرالار ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇلارنىڭ بەدىنىنى بىر قېتىم ئۆرۈپ، دۈم ياتقۇزۇپ ھاۋا ئالماشتۇراتتى. «بۇ ئېغىر تىپتىكى، خەتەرلىك ئېغىر تىپتىكى ئاغرىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاساسى كېسىلى بار بولۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش بىلەن بىللە، دۆلەت يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا كېسەللىك ئالامەتلىرىنى داۋالىدى، بىرمۇ ئادەمدىن ۋاز كەچمىدى.» ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلغان بۇ بارلىق ئىشلار خۇددى قۇدرەتلىك كۈچكە ئوخشاش چاۋ جىننى ئالغا ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلاتتى.

ئۇ خاتىرىلىگۈچى بولۇپ، ئەڭ زور مۆكىنچىلىك ئىچىدە توغرا بولۇش، ھەقىقىي بولۇشقا ئىنتىلدى. يىل بېشىدا شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئاغزىدىن دائىم ئاڭلىغان ECMOنى بۇ قېتىم ئاغرىقلار رايونىدا كۆردى، چاۋ جىن دوختۇرلاردىن ECMOغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تەپسىلىي سورىدى. گەرچە بۇلار ماقالىگە يېزىلىشى ناتايىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناتونۇش بولغان تېببىي بىلىملەرنى چامىنىڭ يېتىشىچە ھەزىم قىلغاندىلا، ئاممىغا بايان قىلىنغان مەزمۇن تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ سالمىقى بار بولىدۇ دەپ قارىدى. ھەر كۈنى سائەت 10 دا، چاۋ جىن خىزمەت پونكىتىدا پەيدا بولاتتى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش يىغىنىنى سىرتتىن ئاڭلايتتى، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزغان - داۋالىغان ھەربىر تەپسىلاتىنى تەپسىلىي كۆزىتەتتى.

يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىش، سۈرەت ئارقىلىق ئىپادىلەش. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا، دوختۇر - سېستىرالارغا ئەگىشىپ كېسەلخانىنى ئارىلىغان چاغدا، چاۋ جىن ئاغرىق لىيۇ ھەدىنى ئۇچراتتى. «60 ياشقا كىرگەن لىيۇ ھەدىنىڭ 40 يىللىق رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى كېسەللىك تارىخى، يەنە يۇقىرى قان بېسىم ۋە دىيابېت كېسىلى بار ئىدى. ئادەتتىكى ئاغرىقلار رايونىدا كېسەللىك ئەھۋالى ئۆزگىرىپ قېلىپ، ICU2 ئاغرىقلار رايونىغا يۆتكەلدى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ داۋالىشى بىلەن، يەنە ئادەتتىكى ئاغرىقلار رايونىغا قايتىپ چىقتى، ئاخىردا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.» يىل بېشىدا «شىنجاڭ ئۇسسۇلى ‹فاڭساڭدا لەرزان ئۇسسۇل›» قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرى كۆپلەپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، چاۋ جىن يەنە «لىيۇ ھەدىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش خاتىرىسى» قاتارلىق يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى پىلانلاپ سۈرەتكە ئالدى، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ نەزەرى ئارقىلىق، «خەلق ھەممىدىن ئەلا، ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا» دېگەن ئىدىيە ھەمدە تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىنى بىۋاستە نامايان قىلدى.

بىر كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، چاۋ جىن باشتىن - ئاخىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەشۋىقاتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئاممىغا يېقىن بولغان، ھېسسىياتقا تولغان، ئىللىقلىققا تولغان ئاخبارات خەۋەرلىرى ئارقىلىق ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى ھەر مىللەت ئاممىغا يەتكۈزۈپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشتەك كۈچلۈك ئاكتىپ كۈچنى مۇجەسسەملىدى. ئۇ ۋە باشقا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ھەربىر پارچە خەۋەر، ھەربىر يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتى ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدىكى خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرگە تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بىرىنچى سېپىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتتى.

ھەر كۈنى سەھەردە، چاۋ جىن ۋېيشىنغا قاراپ تۇرۇپ، گېزىتخانىنىڭ كېچىلىك ئىسمېنىدىكى تەھرىرلەر قايتما ئىنكاس قىلغان ماقالىنى تۈزىتىش پىكرىنى كۈتەتتى ھەم گېزىتكە چىقىدىغان ماقالىسى بىلەن سېلىشتۇراتتى، بىر كۈنلۈك خىزمىتى ئاخىرلاشقاندا، ھەمىشە سەھەر سائەت ئۈچ - تۆتلەر بولۇپ كېتەتتى. «سىلەر مۇخبىرلار دائىم يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيدىكەنسىلەر، ھەقىقەتەن جاپا تارتىدىكەنسىلەر.» ھەر قېتىم دوختۇر - سېستىرالارنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىدا، چاۋ جىن ناھايىتى تەسىرلىنەتتى، بۇ، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ ئاخبارات مۇخبىرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنى ئىدى.

چاۋ جىن يازدىن كۈزگىچە خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى، ھەر كۈنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىناتتى. ھەر قېتىم چارچىغاندەك ھېس قىلغاندا، ئاغرىقلارنىڭ دېرىزىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇپ يۈرەك ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتقان كۆرۈنۈش ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنى يوق قىلىۋېتەتتى؛ ھەر قېتىم ئۆيىنى سېغىنغاندا، ئالتە ياشقا كىرگەن قىزى سىزغان «ئەڭ گۈزەل ئانا» دېگەن بالىلار رەسىمى يەنە ئۇنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇراتتى. «گېزىتخانىنىڭ ماڭا ئىشىنىپ، مېنى بىرىنچى سەپكە ئەۋەتكەنلىكىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن؛ ئاتا - ئانامنىڭ ماڭا ياردەملىشىپ بالامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بەرگەنلىكىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، شۇڭا مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن جەڭگە ئاتلىنالىدىم» دېدى چاۋ جىن.

8 - ئايدا چاۋ جىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر تەقدىرلەنگەن ئاخبارات مۇخبىرى بولۇپ قالدى. ئەسلىدە بېيجىڭغا بېرىپ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇ يەنىلا بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا چىڭ تۇرماقتا، «گەرچە ئەپسۇسلانغان بولسامۇ، لېكىن پۇشايمان قىلمايمەن، مەن داۋاملىق تىرىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىللىقلىققا تولغان ئاخبارات ئەسەرلىرىنى كۆپچىلىككە سۇنىمەن» دېدى چاۋ جىن.